# 232337 ـ قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىنغان كىشى، ئاللاھ ئۈنىڭغا ياخشىلىق قىلىشنى خالىغان كىشى ھېسابلىنامدۇ؟

## سۇئال

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ياد قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان كىشىنىڭ دەرىجىسىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئى نەزەر، ئۇ كىشى ئاللاھ ئۈنىڭغا ياخشىلىقنى خالىغان كىشى ھېسابلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، بارلىق ساھابىلىرى ۋە قىيامەتكىچە توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى ياد قىلغان ۋە بۇنىڭ بىلەن دۇنياغا ئالاقىدار بولغان ھېچ نەرسىنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، ئۇ كىشى ئاللاھ تائالا خالىسا ئاللاھ ئۈنىڭغا ياخشىلىق ئاتا قىلغان كىشى ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىم بولسا شەرىئەت بىلىملىرىنىڭ ئەسلى، ئاساسى بولۇپ، ئۇنىڭ يولى كەڭرىدۇر، بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: سىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىڭلار، قۇرئان كەرىمنى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلىرىڭلار. [بۇخارى رىۋايىتى5027-ھەدىس].

ئەبۇ ئۇمامە باھىلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇڭلار، ھەقىقەتەن قۇرئان كەرىم قىيامەت كۈنىدە ئۆز ساھىبىغا شاپائەت قىلىدۇ. [مۇسلىم رىۋايىتى 804-ھەدىس].

لېكىن قۇرئان كەرىمنى ياد قىلغان كىشى قۇرئان كەرىمنىڭ ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلىش ۋە ئەدەپلىسىزلىك قىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا قۇرئان كەرىم ئۇ كىشىنىڭ پايدىسىغا ئەمەس بەلكى زىيىنىغا ھۆججەت بولىدۇ.

ئەبۇ مالىك ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: قۇرئان كەرىم سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ياكى زىيىنىڭ ئۈچۈن ھۆججەتتۇر. [مۇسلىم رىۋايىتى 223-ھەدىس].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "سەن قۇرئان كىرىم بىلەن ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشساڭ، ئۇلۇغ كىتابنىڭ بىلدۈرگەن خەۋەرلىرىگە ئىشەنسەڭ، بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، چەكلىمىلىرىدىن يىراق بولساڭ، قۇرئان كەرىمنى ھۆرمەت،

ئېھتىرام قىلساڭ، بۇنداق ھالەتتە قۇرئان كەرىم سېنىڭ مەنپەئەتىڭ ئۈچۈن ھۆججەت بولىدۇ. ئەمما ئىش ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، قۇرئان كەرىمنى ئۆز لايىقىدا ھۆرمەت قىلمىساڭ، ئوقۇش ۋە ئەمەل قىلىشنى تەرك قىلساڭ، ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىساڭ، ئۇ ۋاقىتتا قۇرئان كەرىم چوقۇم سېنىڭ زىيىنىڭغا ھۆججەت بولىدۇ. [سالىھلار گۈلىستانى 30-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.